

# تۆت سازەنە

# تورت سازەندە



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ - 1958

# قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ رەسىملىك ھېكايە كىتاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىققان چىراق فىلىمگە ئاساسەن، باللار باغچىسىدىكى كىچىك ئوسمۇرلەرگە ئاتاپ ئىشلەندى.

بىر سالپاڭ قولاق ئېشەك ئۆزىلىدىن - بۇ ژىلغىچە ھېچ ئارام ئالماستىن، ئىگىسىنىڭ ژۈكىنى توشۇيدىكەن. ئارىدىن ئۆزۈن ژىللار ئۆتكەندىن، كېيىن ئېشەك قېرىپ ژۈك كوتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ، نىيىتى يامان ئىگىسى، ئۇنى قېرى كورۇپ سېتىۋەتمەكچى بوپتۇ، سەزەندە بولۇش ئارزۇسىدا ژۈرگەن ئېشەك ۋاختىنى غېنىمەت بىلىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

ئېشەك ئايلىنىپ ژۈرۈپ بىر دالىغا كەلگەندە، ئۆزىگە ئوخشاش ئىگىلىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن قېرى ئىت، قېرى مۈشۈك ۋە قېرى خوراز بىلەن تېپىشىپتۇ، بۇلار بىرياقىدىن باش چىقىرىپ، قاراقچىلارنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، بىرلىكتە شاد - خورام ياشاپتۇ.



ئۆتكەندە بىرسالپاڭ قۇلاق ئىشەك بولغان ئىكەن.



ئىشەك ئۇژىلدىن - بۇژىلغىچە هېچ ئارام ئالماي ئىگىسىنىڭ
ژۇكىنى توشۇيدىكەن.



تىنماي ژۇك توشۇغان ئىشەك بارغانسىرى ماغدۇرىدىن كې-
تىپ، ژۇك كوتۇرەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.



نيىتى يامان ئېگىسى ئۇنى قېرى كورۇپ سېتىۋە تمەكچى بوپتۇ.



ئىگىسىنىڭ نىيىتىنى بىلىۋالغان ئېشەك كېچىدە ئېغىلدىن
بوشۇنۇپ چىقىپ قېچىپ كېتىپتۇ.



ئىشەك سازنى كوتۇرۇپ ژۇرۇپ، ناخشا ئېيتىپ ھەرياقلارغا بېرىپتۇ.



بىر يەرگە كەلگەندە غېرىپسىنىپ ئولتۇرغان تايغان ئىتنى ئۇچرىتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن: «تەخسىر، نېمىشكە كەيپسىز ئولتۇرىسىز؟» — دەپ سوراپتۇ.



تايغان ئىت: «قېرىپ ئوۋغا چىقالمايدىغان بولۇپ قېلىۋىدىم، خوجايىنىم ھەيدىۋەتتى، بېشىم قېتىپ ئولتۇردۇم.» — دەپتۇ. ئىشەك ئىچ ئاغرىتىپ: «مېنىڭ بىلەن مېڭىڭ، سازەندە بولۇمىز.» — دەپ ئۇندەپتۇ.



تايغان بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ، ئېشەكنىڭ ئارقىسىدىن كانايچى
بولۇپ مېڭىپتۇ.



بىريەرگە كەلگەندە ، بېشى قېتىپ، قاپىقى ساڭگىلاپ
چۈشكەن بىرمۈشۈكنى ئۈچرۈتۈپتۈ.



ئىشەك مۇشۇكتىن سوراپتۇ: «تەخسىر، سىزگە نىمە بولدى؟»



مۇشۇك ھالىنى ئېيتىپ: «قېرىپ چاشقان تۇتالمايدىغان بولۇپ قېلىۋىدىم، خوجايىنىم ھەيدىۋەتتى!» — دەپتۇ.



ئېشەك: «بىز بىلەن بىللە يۈرۈڭ، سىز سازەندە بولۇشقا تازا يارايسىز!» — دەپتۇ. ئۈچۈيلەن يەنە يولغا چۈشۈپتۇ.



بۇلار يەنە بىر يەرگە كەلگەندە، تام تويىسىدە تۇرۇپ جىر-
نىنىڭ بىر ئىچە چىللاۋاتقان بىر خورازنى يولۇقتۇرۇپتۇ.



ئىشەك : «نىمىشكە مۇنداق جىنىڭىزنىڭ بىرىچە چىللايسىز !» —
دەپتۇ. خوراز دەردىنىتو كۆپ: «ئەتەبۇيەرگە مېھمان كېلىدۇ، خوجايىن-
نىم مېنى سويۇپ مېھمانلارغا شورپا قىلىپ بەرمەكچى.» — دەپتۇ.



ئىشەك ئۇنىڭغا: «سىزنىڭ ئاۋازىڭىز ناھايىتى ياخشىكەن،
قېنى، بىز بىلەن بىللە ژۈرۈڭ!» — دەپتۇ. ئۇلار يەنە يولىنى داۋام
قىلدۇرۇپتۇ.



قاش قارايغاندا، بۇلار بىر دەرەخزارلىققا كەپتۇ، خىيالغا
چوكۇشۇپ: ئەمدى نەگە بېرىپ قونىمىز؟ — دەپ ئويلۇنۇپ قاپتۇ.



خوراز دەرەخقە چىقىپ ئەتراپقا نەزەرساپتۇ.



ژىراق بىريەردىن چىراق يورۇغى كورۇنۇپتۇ.



بۇلار چىراق يورۇغى كورۇنگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ.



بۇلار بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەپتۇ.



ئىشەك ئۆي ئىچىگە ماراپ قاراپتۇ.



ئۆيدە ئۈچ قاراقچى هاراق ئىچىپ، كەيىپ سۈرۈۋاتقان
ئىكەن.



بۇلار قاراقچىلارنى قوغلۋېتىش ئۇستىدە ئەتراپلىق مەس-
لىھەتلەشىپتۇ.



چارە تېپىلىپتۇ ــــ تايغان بىر سەكرەپ ئىشەكنىڭ گەژگىسىگە
مىنىپتۇ.



مۇشۇك تايفاننىڭ ئۈستىگە، خوراز مۇشۇكنىڭ ئۈستىگە

مىنىپ، سازنى راسا چېلىشقا باشلاپتۇ.



ئاندىن كېيىن ئۆيگە بىردىنلا باستۇرۇپ كىرىپتۇ.



بۇ تاراق ـ تۇرۇقتىن قورقۇپ كەتكەن قاراقچىلار كەينـ
گىمۇ قارىماستىن قويرىغىنى خادا قىلىپ قېچىپ كېتىپتۇ.



تورت سازەندە ئازادە ئولتۇرۇپ، جوزىدكى غزالارنى
چوڭ ئشتها بلەن يەپتۇ.



غىزادىن كېيىن، چىراقنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاشقا يېتىپتۇ.
ئېشەك سامان ئۈستىدە ئۇخلاپتۇ.



تايغان ئُشك يېنىدا يېتيپتُو.



مۇشۇك ئۇچاق بېشىدا ئۇخلاپتۇ.



خوراز ئوچاقنىڭ ئاغزىدىن ئورۇن ئېلىپ يېتىپتۇ.



ئويده چىراق يورۇغى كورۇنمىگەنلىگىنى، ھېچقانداق شەپە يوقلىغىنى كورگەن قاراقچىلار، تىك ـ تىكلاپ كورۇپ كىلىشكە ئوز ئىچىدىن بىرسىنى ئىۋەتىپتۇ.



قاراقچى ئاشخانىغا كىرىپ، ئادەتتە چىراق قويۇدىغان تەكچىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. مۈشۈكنىڭ پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان كۆزىنى كۆيۈۋاتقان كۆمۈر بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، تۇترۇقنى تۇتاشتۇرۇپ كۆرمەكچى بوپتۇ.



مۇنداق چاقچاقنى ياقتۇرمىغان مۇشۇك مىياۋلىغان پېتىچە
ئېتىلىپ چۈشۈپ، قاراقچىنىڭ بېشىغا چاڭگال سالپتۇ.



قورقۇپ كەتكەن قاراقچى قاچماقچى بولۇپ ئشىككە ژۆ-
گۈرگەندە، تايفان پۇتىدىن چىشلەپ تارتىپتۇ.



قاراقچى هويلىغا قېچىپ چىققاندا، ئىشەك راسا كېلىشتۈ-
رۈپ ساغرىسىغا تېپىپتۇ.



خورازمۇ غەيرەتكە كېلىپ «ئىي، ئىي، ئىر» دەپ چىللاپتۇ.



قاراقچی قوُیوُندەك ژوُگروُپ قېچىپ كېتىپتوُ.



شۇندىن باشلاپ، بۇتۇرت سازەندە مۇشۇ ئۆيدە شاد ـ خۇرام

ياشاپتۇ.

بۇ كىتاپ چاۋخۇا سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن
1956 ـ ژىلى ئىيۇلدا بېيجىڭدە نەشىر قىلىنغان بىرىنچى
نەشرى بىرىنچى باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.
本書根据朝花美术出版社1956年7月第一版第一次印刷版本譯出

كىتاپ نومىرى: 321(4)1468

# تورت سازەندە

---

رەسسام : گوجۇن.
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تەرجىمە ۋە نەشىر قىلىندى.
ئادرېس: بېيجىڭ گوزىجەن 54-قورا.
بېيجىڭ شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ
رۇخسەت قەغىزى نومىرى: «ن — 047».
مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە تىزىلدى.
جىنخۇا مەتبەئەسىدە بېسىلدى.
شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

---

1958- ژىلى ئاپرېلدا بېيجىڭدە بىرىنچى قېتىم نەشىر قىلىندى.
1958- ژىلى ئاپرېلدا بېيجىڭدە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.
فورمات: 1092×787 1/48. ھەجمى: 12/11 باسما تاۋاق.
تىراژى: 1-3400. باھاسى: 10 پۇڭ.
بىرلەشمە نومىرى: MR8049. ئۇيغۇرچە 90.

書號：1468(4)321
四个音乐家
（維吾尔文）
郭 俊描絵
民族出版社翻譯出版
地址：北京國子監特54號
北京市書刊出版業營業許可證出字第047號
中央民族印刷厂排版
京华胶印厂印刷
新华書店发行

---

1958年4月北京第一版
1958年4月北京第一次印刷
787耗×1092耗 1/48 印張11/12
印數：1—3.400冊 定價：一角
統一書号：MR8049・維90